# لى يۈەنمىن: زىممەمدىكى يۈك قانچە ئېغىر بولغانسېرى شۇنچە تولۇق غەيرەتكە كېلىمەن

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□مۇخبىرىمىز جەزىرە نىسپىبېك

«بۇ ئىككى كۈندە كەنتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدۇ، 200دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىشتا كىرىمىنى ئاشۇرۇشىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىندۇ» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ خۇدىيايۈزى بازىرى گەمە كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى يۈەنمىن خۇشال ھالدا.

گەمە كەنتىدىن ئىبارەت ئىلگىرىكى «ئارقىدا قالغان كەنت» «پۇچەك كەنت»نىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى زىممىسىگە ئالغاندىن باشلاپ، لى يۈەنمىن ئاما بىلەن بىر تال ئارغامچا بولۇپ ئۇيۇشۇپ، كۆپچىلىكنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ گەمە كەنتىنى پۈتۈن ناھىيە بويىچە «كەنتنى ئىدارە قىلىش، كەنتنى كۈچەيتىش»تىكى ئۈلگىلىك كەنت قىلىپ قۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ گەمە كەنتىدىكىلەرنى يېتەكلەپ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتىۋاتىدۇ.

## ■ باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، شەخسىي غەرەزدە بولماسلىق

لى يۈەنمىن بىر ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ شەندۇڭ مۇپىڭدىن گەمە كەنتىگە كەلگەن. ئۇ قىزغىن، سېخى مىجەزى بىلەن ھەر مىللەتتىن دوست تۇتتى، يەنە بىرنەچچە خىل ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ئۆگىنىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ. 45 ياشقا كىرگەندە لى يۈەنمىن يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتكەن بېيىش ماھىرىغا ئايلاندى، 30 نەچچە تۇياق كالا باقتى، يەنە خاس تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر يىلى 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىپ، تۇرمۇشى باياشات ئۆتتى.

لى يۈەنمىن ئۆزى ياخشى كۈنگە ئېرىشتى، ئۇ چىن كۆڭلىدىن گەمە كەنتىنى قىزغىن سۆيەتتى، مۇھىتى ناچار، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا، ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئارقىدا قالغان يۇرتىغا قاراپ، ئۇ ئولتۇرالماي قالدى.

«مەن سىناپ باقاي!» 2010 ـ يىلى، لى يۈەنمىن گەمە كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئەينى چاغدا، لى يۈەنمىن ئېغىر دىيابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، دوختۇر ئۇنىڭغا چارچاپ كەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا گەمە كەنتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى.

«گەمە كەنتى مېنىڭ ئائىلەم، ئائىلەم نامرات، ئارقىدا قالغان تۇرۇپ، مەن ئۆزۈم ھەرقانچە ياخشى كۈن كەچۈرسەممۇ بۇنىڭ نېمە پايدىسى. مەن شەخسىي غەرەزدە بولماي ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندىلا، بۇ كەنتنى چوقۇم ياخشى يېتەكلىگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى لى يۈەنمىن.

شۇنىڭدىن باشلاپ، لى يۈەنمىن كەنت ئاھالىلىرىگە كۆكتات تېرىش، كالا، قوي بېقىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قولمۇقول يېتەكچىلىك قىلدى؛ كەنتتىكە كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، تۇرۇبا سۈيى ئورنىتىش، سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياساش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى... ئۇ نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي ئىشلار ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئەسلى مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

## ■ ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بىۋاسىتە يۈزلىنىش

ۋەزىپىگە ئولتۇرغان دەسلەپكى ئۈچ يىلدا، لى يۈەنمىن ئۈچ تەدبىر قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قەلبىنى زىچ باغلىدى.

بىرىنچى تەدبىر، كەنتتە «سىرخىللارنى قوبۇل قىلىش تاختىسى» چاپلاپ، كەنت ئۈچۈن كۈچلۈك يەتتە كەنت كادىرىنى تولۇق سەپلىدى. بۇ تەدبىر كەنت پارتىيە تەشكىلاتىنى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈردى، ئاممىنىڭ كەنت كادىرلىرىغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگەردى، كەنت يىغىن تەشكىللىسە، نۇرغۇن ئاما تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىپ قاتنىشىدىغان بولدى.

ئىككىنچى تەدبىر، تۆۋەن كاپالەت شەرتىگە توشمايدىغان 28 كەنت ئاھالىسىنى چىكىندۇرۇپ، تۆۋەن كاپالەتنى بېكىتىش ئۆلچىمى بويىچە 28 تۆۋەن كاپالەت ئائىلىسىنى قايتىدىن بېكىتتى. بۇ ئىشقا كۆپ قىسىم ئاما باش بارمىقىنى چىقاردى: «لى شۇجى ھەقىقەتەن بىز ئاما ئۈچۈن مەسىلە ھەل قىلغىلى كەلگەن ئىكەن!»

ئۈچىنچى تەدبىر، لى يۈەنمىن كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە نەزەر سالدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، لى يۈەنمىن كەنتتە ئورتاق يەر ۋە تۆت قۇم ـ شېغىل ماتېرىيال زاۋۇتى بارلىقىنى، لېكىن كەنت كومىتېتىنىڭ ھېساباتىدا بىر پۇڭمۇ پۇل يوقلۇقىنى بايقىدى. لى يۈەنمىن دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، 345 مو ئورتاق يەرنى قايتىدىن ئۆلچەپ چىقتى. كەنت «ئىككى كومىتېت»ى 200 نەچچە مو يەرنى سىرتقا ھۆددىگە بېرىپ كەنت كوللېكتىپى ئۈچۈن كىرىمنى ئاشۇردى، يەنە بىر قىسىم يەردىن پايدىلىنىپ كەنتتىكى 100 نەچچە ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ئۈچۈن ئۆيلۈك يەر ئايرىپ بەردى؛ كەنتتىكى ھۆددىگە بېرىۋەتكەن تۆت قۇم زاۋۇتىنى قارىتا، كېڭىشىش ئارقىلىق ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن قايتىدىن توختام ئىمزالاپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن قۇم زاۋۇتىدىكى قۇمنى ئېتىبارلىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە كەنت كوللېكتىپى ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەن كىرىم ئاشۇردى.

ئەلرايى مۇجەسسەملەندى، يەنە كوللېكتىپ كىرىممۇ بار بولدى، لى يۈەنمىن دادىل ئىشلەپ، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى قىلدى. كېيىن، كەنت شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنت كومىتېتىنىڭ خىزمەت قىلىش ئورنى، كۆپ ئىقتىدارلىق پائالىيەت مەيدانى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن قۇرۇپ، گەمە كەنتىنى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن ناھىيەدىكى ئۈلگە كەنتكە ئايلاندۇردى.

## ■ سەركە يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى

لى يۈەنمىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخس، مەملىكەتلىك ئاياللار تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى، مەملىكەتلىك 8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ گۈزەل ئايال، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لى يۈەنمىن تېخىمۇ شەرەپلىك ھالدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئاممىۋى نامايىشىدىكى «يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش» بېزەكلىك ماشىنىسىغا چىقتى.

لى يۈەنمىن يەنە ۋاقىت ئاجرىتىپ سۇجوۋغا بېرىپ، ئېچكىرى رايونلارنىڭ دەريا ـ كۆللىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. لى يۈەنمىن مۇنداق دېدى: «كەنتتىكى جىرغىلاڭ دەرياسىنىڭ سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغىنى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مەبلىغىمۇ نەقلىشەي دېدى، سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز ئىككى تەرەپتە دەل ـ دەرەخ تىكىپ، دېھقانلار ئارامگاھى، باقمىچىلىق، بېلىق تۇتۇش، بەيگە مەيدانى ئېچىپ، كەنتتە ئېكولوگىيەلىك سەيلە ـ ساياھەتنى راۋاجلاندۇرالايمىز».

بۈگۈنكى كۈندە، 55 ياشلىق لى يۈەنمىن زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «2018 ـ يىلى گەمە كەنتىدىكىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 14 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى كۆپەيدى، خاس تېرىقچىلىق كۆلىمى كېڭەيدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسىمۇ بارغانسېرى ئوچۇق بولۇپ كەتتى، ئىشلەيدىغان ۋە ئىگىلىك تىكلەيدىغان ياشلار بارغانسېرى كۆپەيدى.» لى يۈەنمىن مۇنداق دېدى: «كەنتنىڭ بۇ بىر نەچچە يىلدىكى تەرەققىيات ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولدى، لېكىن يېزا ئىگىلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك، يېزا ـ كەنتلەر تېخىمۇ گۈزەل، دېھقانلار تېخىمۇ باي بولغان كەنت قۇرۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. سەركە بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جاسارەتكە تولۇپ، كەنتنى تىكلەشكە باشلامچىلىق قىلىپ يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەيمەن».


مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى
تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى

پېڭ لۇڭ:

# چىن قەلبىم، ھەقىقىي ھېسسىياتىم بىلەن ئەل قەلبىنى ئىللىتىمەن

□مۇخبىرىمىز دۇ جيەنخۇي

«بۇ قېتىم بەختىمگە يارىشا بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلدىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى ئەستايىدىل تولۇق ئادا قىلىپ، قولۇمدىن كېلىشىچە ئىشلەپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخس، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى پېڭ لۇڭ.

خىزمەتتە، پېڭ لۇڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ خەلق ياردەمچى ساقچىلىرىنى يېتەكلەپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق «بەش قاراش» ۋە «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۆزئارا ئىشىنىشىدىغان، ئۆزئارا قوللايدىغان، سەممىي ئىتتىپاقلىشىدىغان كەيپىيات ياراتتى.

تۇرمۇشتا، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر ئۇچرىسا، مەيلى چوڭ ـ كىچىك ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پېڭ لۇڭ ھەمىشە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، تارماق ئەترەتتىكى خەلق ساقچىلىرىغا ئۈلگە بولدى. 2015 ـ يىلى، خەلق ساقچىسى ياسىن قاسىم خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى. ھەر قېتىمقى قۇربان ھېيت، روزا ھېيت قاتارلىق بايراملاردا، پېڭ لۇڭ ياسىننىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى يوقلاپ ئەۋلادىن ھال سورىدى؛ ياردەمچى ساقچى قېيۇم مۇساننىڭ ئائىلە تەۋەسى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا پۇل كېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، پېڭ لۇڭ 500 يۈەننى قېيۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، تارماق ئەترەتتىكى بارلىق خادىملار ئۆزلۈكىدىن 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، قېيۇم ئائىلىسىنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پېڭ لۇڭ كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىسى تۆۋەن دوغا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرەم ياسىن بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى. تۇرەم ئائىلىسىدە بەش جان بار بولۇپ، يەر ئاز، ئادەم كۆپ، تۇرمۇشى نامرات ئىدى، تۇغقىنىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش پېڭ لۇڭنىڭ كۆڭلىدىكى غەم يەيدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

كۆپ تەرەپتىن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق پېڭ لۇڭ تۇرەمنىڭ چوڭ ئوغلىغا ھەر ئايدا 3000 يۈەن كىرىم قىلىدىغان ئامانلىق ساقلاش خىزمىتى تېپىپ بەردى. كېيىن ئىشقا بېرىپ ـ كېلىشنىڭ قولايسىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ ياردەمچى ساقچى بولۇشىغا ياردەم بەردى، خىزمەت كىرىمى مۇقىم بولغاچقا، تۇرەم بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىنتايىن خۇشال بولدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىدە، ھەر ئايدىكى قەرەللىك زىيارەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، پېڭ لۇڭ خىزمەتتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ تۇغقىنىنى يوقلاپ، تۇغقىنىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە پېڭ لۇڭ ئېتىزغا بېرىپ تۇغقىنى بىلەن بىللە ئەمگەك قىلدى، تۇغقىنى نەشپۈتلىرىنى ساتالمىغاندا، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن 3000 يۈەنلىكتىن ئارتۇق نەشپۈت سېتىۋالدى ھەم ئەتراپىدىكى دوستلىرىنى نەشپۈتلەرنى سېتىشقا ياردەملىشىشكە سەپەرۋەر قىلدى. تۇرەم نان ياقالايتتى، ئۇنىڭ ئوخشىغان نانلىرىنى يېقىشى ئۈچۈن، پېڭ لۇڭ مەخسۇس يەنجىدىن نان سېتىۋېلىپ تۇغقىنىنىڭ تېپىپ بېقىپ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىن قەلب، ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش كېرەك» دېدى پېڭ لۇڭ.

كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىسى تۆۋەن دوغا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى راخمان زىياۋۇدۇننىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، ھويلا تېمىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەنىدى. پېڭ لۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ سېمونت ۋە خىش سېتىۋېلىپ، راخمانغا ياردەملىشىپ يېڭى ھويلا تېمى ياساپ بەردى، راخمان بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

# تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن 1 ـ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قاتارلىق 18 ئورۇنغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئالاقىدار خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «قايتا قاراپ چىقىش» پۇرسىتىنى تۇتۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئۆگىنىش» «تۈزىتىش»تىن ئىبارەت ئىككى ھالقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، ئۆزىنى ئانالىز قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن دەرىجىلىكنىلا تۇتۇپ، ئۆز دەرىجىلىكنى تۇتماسلىقتىن قەتئىي ساقلىنىش، خىزمەت قاتلىمىدىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئىدىيە قاتلىمىدىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. دىققەتنى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ سىجىل تۈزىتىش، بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلاردىكى «كېسەل مەنبەسى»نى چىڭ كۆزلەپ سىجىل تۈزىتىش، دىققەتنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ سىجىل تۈزىتىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ بېرىپ، ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ھەرقايسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىغا بېرىپ، باش تېما تەربىيەسى بويىچە تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى تيەن ۋېن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قاتارلىق 18 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جى جېيڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قاتارلىق 18 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ شىن ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى قاتارلىق 18 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ يۈك ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 18 ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق كۆرسەتتى: بىرىنچى تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان سىياسىي ۋەزىپە، باش تېما تەربىيەسىدىكى «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىش»نى ياخشى قىلىش، باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە كۈندىلىك ئىگىلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لىرى مەركەزنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كونكرېت تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سالماقنى كېمەيتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق تەلەپ قىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزى، ماقالىسىنى ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، قەتئىي بوشاشماي ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، دائىملاشقان ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى سىياسىي مەسئۇلىيەت، خىزمەت شەكلى، تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىدىغان، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىدىغان، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش مۇھىم نۇقتىسىنى چىڭ كۆزلەپ، نىشان مەركىزىنى توغرىلاپ، مەركەزلىك كۈچەپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بويىچە ئۆلچەمگە قاتتىق توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا قاتتىق توغرىلىنىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، سىجىل تۈزىتىپ، دىققەتنى ئاممىنىڭ ئويلىغانلىرى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈرمۇتۈر رەتلەپ، ماددىمۇماددا تەتقىق قىلىپ، بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى كەيپىيات، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. شەكلىۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىق، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزەپ، ئاددىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، رەھبەرلىك شەكلىنى ئۆزگەرتىش، زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىسىدىن ياخشى پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ چوڭ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مېخانىزم ئورنىتىپ سىجىل تۈزىتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» تۈزۈمىنى ئورنىتىش بىلەن ئۆز سىستېمىسى، ئۆز ساھەسىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، «ھازىر تۈزىتىش» بىلەن «ئۇزاققىچە تۇرغۇزۇش»نى بىر گەۋدە قىلىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇنداق تەلەپ قىلدى: رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ تۈزىتىش لايىھەسىگە ئاساسەن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، باھالاپ ۋە رەتلەپ، سېلىشتۇرۇپ، قاتتىق، پۇختا تۈزىتىپ، قاتتىق بولۇش ئارقىلىق چوڭقۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قاتتىق بولۇش ئارقىلىق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزىتىش نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن، خەلق ۋە تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، لى ياڭ، پەرىزات ئابدۇل، جاڭ تىڭ، چاۋ جىن يازغان)**